# ناماز ئادا قىلماقچى بولساڭلار، سەپلىرىڭلارنى رۇس قىلىڭلار، ئۇنىڭدىن كېيىن بىرىڭلار ئىمام بولسۇن، ئۇ تەكبىر ئېيتقاندا، تەكبىر ئېيتىڭلار

ھەتتان بىن رەققاشى مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر قېتىم ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ناماز ئوقۇدۇم، تەشەھھۇتتا ئولتۇرغاندا جامائەت ئارىسىدىن بىر كىشى: "ناماز ياخشىلىق ۋە زاكات بىلەن بىرگە كەلدى" دېدى، ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن جامائەتكە قاراپ: بۇ سۆزنى قايسىڭلار دېدىڭلار؟دېدى، ھېچ كىم جاۋاپ بەرمىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن جامائەتكە قاراپ: بۇ سۆزنى قايسىڭلار دېدىڭلار؟دېدى، ھېچ كىم جاۋاپ بەرمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ مۇسا: ئى ھەتتان سەن دىگەن ئوخشىمامسەن؟دېدى، مەن ئەبۇ مۇسانىڭ ماڭا كايىشىدىن ئەنسىرەپ گەپ قىلمىدىم، جامائەت ئارىسىدىن بىر كىشى: ئۇ سۆزنى مەن دېگەن، مەن پەقەت ياخشىلىقنى مەخسەت قىلىپ دېگەن ئېدىم دېدى، ئەبۇ مۇسا مۇنداق دېدى: "سىلەر نامىزىڭلاردا نېمە دەيدىغانلىقىڭلارنى بىلمەمسىلەر؟پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىزگە خۇتبە سۆزلەپ نامازنى قانداق ئادا قىلىشىمىزنى تەلىم بەردى ۋە ئۇنىڭ يوللىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ناماز ئادا قىلماقچى بولساڭلار، سەپلىرىڭلارنى رۇس قىلىڭلار، ئۇنىڭدىن كېيىن بىرىڭلار ئىمام بولسۇن، ئۇ تەكبىر ئېيتقاندا، تەكبىر ئېيتىڭلار، «غەيرىل مەغدۇبى ئەلەيھىم ۋەلەددالليىن» دېسە، ئامىين دەڭلار، ئاللاھ تائالا دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىدۇ. ئىمام تەكبىر ئېيتىپ رۇكۇ قىلسا، سىلەرمۇ تەكبىر ئېيتىپ رۇكۇ قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئىمام سىلەردىن بۇرۇن رۇكۇ قىلىپ سىلەردىن بۇرۇن رۇكۇدىن تۇرىدۇ»، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام:«ئۇنداق قىلىشى ئىمام سىلەردىن بۇرۇن رۇكۇغا بارغانلىقى ئۈچۈن سىلەردىن بۇرۇن رۇكۇدىن تۇرىدۇ» دېدى. ئىمام سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە (ئاللاھ ئۆزىنى مەدھىيلىگەن كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى)دېسە، سىلەر: ئاللاھۇممە رەببەنالەكەل ھەمد(ئى رەببىمىز ئاللاھ! بارلىق گۈزەل مەدھىيەلەر سىلىگە خاستۇر) دەڭلار. ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلايدۇ. ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىغا ئاساسەن مۇنداق دېدى: «ئاللاھ ئۆزىنى مەدھىيلىگەن كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى»، ئىمام تەكبىر ئېيتىپ سەجدە قىلسا، تەكبىر ئېيتىپ سەجدە قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئىمام سىلەردىن بۇرۇن سەجدىگە بارىدۇ ۋە سىلەردىن بۇرۇن سەجدىدىن تۇرىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق قىلىشى ئىمام سىلەردىن بۇرۇن سەجدە قىلغانلىقى ئۈچۈن ۋە سىلەردىن بۇرۇن سەجدىدىن تۇرىدۇ» دېدى، تەشەھھۇتتا ئولتۇرغاندا سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ تۇنجى دەيدىغان سۆزى :ھۆرمەت، گۈزەل سۆز، دۇئا-تىلەكلەر ئاللاھقا مەنسۇپتۇر. ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سىلىگە، بىزگە ۋە ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرىگە ئاللاھنىڭ ئەمىنلىكى، رەھمىتى، بەرىكىتى، سالامى بولسۇن. ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن».

[تېكىست توغرا] [مۇسلىم رىۋايىتى]

ھۆرمەتلىك ساھابى ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قېتىم نامازدا تەشەھھۇتتا ئولتۇرغاندا، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ناماز ئادا قىلىۋاتقانلاردىن بىرى: ناماز قۇرئان كەرىمدە ياخشىلىق ۋە زاكات بىلەن بىرگە كەلتۈرۈلدى دېدى، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامازنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن جامائەتكە يۈزلىنىپ ئۇلاردىن: ناماز قۇرئان كەرىمدە ياخشىلىق ۋە زاكات بىلەن بىرگە كەلتۈرۈلدى دېگەن سۆزنى قايسىڭلار دېدىڭلار؟ دەپ سورىدى، جامائەت جىم تۇردى، ھېچ كىم جاۋاپ بەرمىدى، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ سوئالنى يەنە بىر قېتىم تەكرار سورىدى، ئۇنىڭغا ھېچ كىشى جاۋاپ بەرمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى ھەتتان سەن

دىگەن ئوخشىمامسەن؟دېدى، بۇنداق دېيىشى: ھەتتاننىڭ جاسارەتلىك بولغانلىقى، ئۆزىگە يېقىن بولغانلىقى ۋە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بولغانلىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئەزىيەت يەتكۈزمەيدىغانلىقى، ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلمايدىغانلىقى پەقەت بۇ سۆزنى دىگەن كىشىنىڭ ئىتىراپ قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۈچۈن ئىدى. ھەتتان ئۆزىنىڭ دىمىگەنلىكىنى بىلدۈردى. ئەبۇ مۇسا: سەن مىنىڭ ئەيىپلىشىمدىن ئەنسىرەپ مەن دىمىدىم دېدىڭمۇ؟ دېدى، شۇ ۋاقىتتا جامائەتنىڭ ئارىسىدىن بىر كىشى: مەن دېدىم، ئۇ سۆزنى دېيىش بىلەن پەقەت ياخشىلىقنى مەخسەت قىلغان دېدى. ئەبۇ مۇسا ئۇ كىشىگە تەلىم بېرىپ مۇنداق دېدى: سىلەر نامازدا نېمە دەيدىغانلىقىڭلارنى بىلمەمسىلەر؟! دېدى، بۇ، ئۇ كىشىنىڭ نامازدا سۆز قىلغانلىقىغا ئىنكار قىلىش ئىدى، ئۇنىڭدىن كيىن ئەبۇ مۇسا بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ خۇتبە سۆزلەپ ئۇلارغا شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بايان قىلىپ بەرگەنلىكى، نامازنى قانداق ئادا قىلىشنى تەلىم بەرگەنلىكىنى بايان قىلىپ بەردى، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: «ناماز ئادا قىلماقچى بولساڭلار، سەپلىرىڭلارنى رۇس قىلىڭلار، ئۇنىڭدىن كېيىن بىرىڭلار ئىمام بولسۇن، ئۇ تەكبىر ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا ئوخشاش تەكبىر ئېيتىڭلار، «غەيرىل مەغدۇبى ئەلەيھىم ۋەلەددالليين» دېسە، ئامىين دەڭلار، شۇنداق قىلساڭلار ئاللاھ تائالا دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىدۇ، ئىمام تەكبىر ئېيتىپ رۇكۇ قىلسا، سىلەرمۇ تەكبىر ئېيتىپ رۇكۇ قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئىمام سىلەردىن بۇرۇن رۇكۇ قىلىپ سىلەردىن بۇرۇن رۇكۇدىن تۇرىدۇ، ئىمامغا ئىلگىرى بولىۋالماڭلار، ئىمامنىڭ سىلەردىن بۇرۇن رۇكۇغا بېرىشى ۋە سىلەردىن بۇرۇن رۇكۇدىن تۇرىشى سىلەرنىڭ ئىمامدىن كېيىن رۇكۇغا بارغان ئارىلىقتىكى بوشلۇقنى تولدۇرىدۇ، ئىمامنىڭ بۇرۇن تۇرغان ۋاقتى سىلەرنىڭ كيىن تۇرغان ۋاقتىڭلار بىلەن باراۋەر بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سىلەرنىڭ رۇكۇ قىلىش ۋاقتىڭلار ئىمامنىڭ رۇكۇ قىلغان ۋاقتىنىڭ مىقدارىدا بولىدۇ، ئىمام سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە (ئاللاھ ئۆزىنى مەدھىيلىگەن كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى)دېسە، سىلەر: ئاللاھۇممە رەببەنالەكەل ھەمد(ئى رەببىمىز ئاللاھ! بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر سىلىگە خاستۇر) دەڭلار، ناماز ئادا قىلغۇچى شۇنداق دېسە، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ۋە سۆزلىرىنى ئاڭلايدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق مۇنداق دېدى:«ئاللاھ ئۆزىنى مەدھىيلىگەن كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى»، ئىمام تەكبىر ئېيتىپ سەجدە قىلسا، ناماز ئادا قىلغۇچىلارمۇ تەكبىر ئېيتىپ سەجدە قىلىدۇ، ھەقىقەتەن ئىمام ئۇلاردىن بۇرۇن سەجدىگە بارىدۇ ۋە ئۇلاردىن بۇرۇن سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرىدۇ. ئىمامنىڭ بۇرۇن تۇرغان ۋاقتى ئۇلارنىڭ كيىن تۇرغان ۋاقتى بىلەن باراۋەر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ رۇكۇ قىلىش ۋاقتى ئىمامنىڭ رۇكۇ قىلغان ۋاقتىنىڭ مىقدارىدا بولىدۇ. تەشەھھۇتتا ئولتۇرغاندا ئۇلارنىڭ تۇنجى دەيدىغان سۆزى: ھۆرمەت، گۈزەل سۆز، دۇئا-تىلەكلەر ئاللاھقا مەنسۇپتۇر، مۈلكىيەت، ئىگىدارچىلىق، ئەبەدىيلىك، كاتتىلىق بۇنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا خاستۇر، شۇنىڭدەك بەش ۋاقىت نامازمۇ ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سىلىگە، بىزگە ۋە ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرىگە ئاللاھنىڭ ئەمىنلىكى، رەھمىتى، بەرىكىتى، سالامى بولسۇن، ھەرقانداق ئەيىپ-نۇقسان، ئاپەت، مۇسىبەت، بۇزۇقچىلىقتىن سالامەت بولۇشنى تىلەپ ئاللاھقا دۇئا قىلىڭلار، سالامنى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھسسالامغا خاس قىلىمىز، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىمىزگە سالامەتلىك تىلەيمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىگە ۋاجىپ بولغان ئاللاھنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى ۋە بەندىلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشقا تىرىشچانلىق قىلىۋاتقان ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرىگە سالامەتلىك تىلەيمىز، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمىز، مۇھەممەد ئەلەيھسسالامنى ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمىز«.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/65097

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee